100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

«گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ»دىن «قولتۇق رايونى»غىچە:

چوڭ جۇجياڭ دېلتىسىدىكى 100 يىللىق «قىزىل ئىز»

□ مۇخبىر دىلىڭ رۇيشۈەن

گۇاڭجوۋ شەھىرى يۆشيۇ جەنۇبىي يولى دوڭيۈەن خىڭلۇ كوچىسىدىكى 3 ـ نومۇر، قىزىل رەڭلىك بىر كىچىك بىنا ئېگىز بىنالار ئارىسىدا جىمجىت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

بۇ يەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە گۇاڭدۇڭدىكى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ تىدۇسى لى جۈننىڭ گۈللۈك داچىسى ئىدى. 96 يىل ئىلگىرى، شاڭخەيدىكى خەلقنىڭ 30 ـ ماي جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بىر مەيدان داغدۇغىلىق ئىش تاشلاش ھەرىكىتى گۇاڭجوۋ بىلەن شياڭگاڭنى قاپلىغان، ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى ــــ گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ ئىش تاشلاش كومىتېتى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان.

1925 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، 30 ـ ماي پاجىئەسىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى گۇاڭجوۋ ۋاقىتلىق كومىتېتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭدۇڭ رايونلۇق كومىتېتى دېڭ جۇڭشيا، سۇ جاۋجېڭ قاتارلىق بەش كىشىدىن تەشكىللەنگەن پارتىيە ئۆمىكىنى شياڭگاڭغا بېرىپ ئىش تاشلاشنى تەشكىللەشكە ئەۋەتكەن. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭدۇڭ رايونلۇق كومىتېتى يەنە فېڭ جۇپو، چېن يەنىيەن قاتارلىق ئالتە كىشىدىن تەشكىللەنگەن پارتىيە ئۆمىكىنى گۇاڭجوۋدىكى چەت ئەللىكلەر كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنى ئىش تاشلاشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە شياڭگاڭدىكى ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنى تەشكىللەش، كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل قىلغان.

6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شياڭگاڭدىكى دېڭىزچىلار، ترامۋاي، باسما ئىشلىرى قاتارلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئالدى بىلەن ئىش تاشلىغانلىقنى جاكارلىغان، باشقا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بۇنىڭغا دەرھال ئاۋاز قوشقان. ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى غالچىلىرىنىڭ توسۇشى ۋە تەھدىت سېلىشىغا قارىماي، گۇاڭدۇڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قايتىپ كەلگەن. گۇاڭجوۋ شاجى پاجىئەسىنىڭ يۈز بېرىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىغان، تېخىمۇ كۆپ ئىشچىلار ئىش تاشلاش سېپىگە قوشۇلغان.

«گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى بىر ئائىلە بولۇپ، ئىككى جايدىكى ئىشچىلارنىڭ ھەمتۈرتكە ئالاقىسى ئىزچىل ئىنتايىن قويۇق بولۇپ كەلگەن» دېدى گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ چوڭ ئىش تاشلاش خاتىرە سارىيىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى فېڭ خۇي.

ئىش تاشلاشقا ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭدۇڭ رايونلۇق كومىتېتى گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ ئىش تاشلاش ئىشچىلار ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ۋە ئىش تاشلاش كومىتېتىنى قۇرۇپ، ئىش تاشلاشنىڭ ئەڭ ئالىي كېڭەش ئورگىنى ۋە ئەڭ ئالىي ئىجرا قىلىش ئورگىنى قىلغان.

بۇ قېتىمقى چوڭ ئىش تاشلاش 16 ئاي داۋاملاشقان، قاتناشقان ئادەم سانى 250 مىڭغا يەتكەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ ئىشچىلىرى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاھانگىرلىككە ۋە مىلتارىستلارغا قارشى كۈرەشكە پائال قاتنىشىپ، گۇاڭدۇڭ ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، گۇاڭجوۋ ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك تۈۋرۈكىگە ئايلانغان.

ئىنتايىن ھەيۋەتلىك گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ چوڭ ئىش تاشلىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە جۇڭگو ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان مۇھىم ئەمەلىيەت. ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۇزاق، كۆلىمىنىڭ چوڭ، تەشكىللىنىشىنىڭ پۇختا بولۇشى جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان، دۇنيا ئىشچىلار ھەرىكىتى تارىخىدىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ ئىش تاشلاش كومىتېتىنىڭ كونا ئورنىدا گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ چوڭ ئىش تاشلاش خاتىرە سارىيى قۇرۇلدى. ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئىشچىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قوشۇنىغا كىرىپ، پارتىيەنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم، ئەڭ ئىشەنچلىك سىنىپىي ئاساسىغا ئايلانغانلىقىغا گۇۋاھ بولماقتا؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تېز زورىيىپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيدىغان، جاھانگىرلىككە قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ سىياسىي پارتىيەگە ئايلانغانلىقىغا گۇۋاھ بولماقتا؛ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، شياڭگاڭ، ئاۋمېننى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ جۇجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ ئازادلىق ۋە تەرەققىياتقا قاراپ مېڭىشىدىكى «قىزىل ئىز»غا گۇۋاھ بولماقتا.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ياپونىيە ئارمىيەسى شياڭگاڭنى بېسىۋالغان. زور بىر تۈركۈم داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلار ۋە خەلقئارادىكى دوستلار قاپسىلىپ قېلىپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىشىغا دۇچ كېلىپ، خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان. جىددىي پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت ۋە مەركىزىي كومىتېت جەنۇبىي قىسىم بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 8 ـ ئارمىيەنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، گۇاڭدۇڭدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى دۇڭجياڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش پارتىزانلار ئەترىتى قاتارلىقلار بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىگەن.

بۇ مەيدان مىسلى كۆرۈلمىگەن مەخپىي چوڭ قۇتقۇزۇشقا ئالتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتكەن، دېڭىز يولى ۋە قۇرۇقلۇق يولىدىن ئىبارەت ئىككى مەخپىي ئالاقىلىشىش لىنىيەسى ئارقىلىق خې شياڭنىڭ، ليۇ يازى، لياڭ شۇمىڭ، ماۋ دۇن، زوۋ تاۋفېن... نۇرغۇن مەشھۇر مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار بىخەتەر ھالدا چېكىندۈرۈلگەن.

ئاخىرىدا شياڭگاڭ ـ جيۇلۇڭ رايونىدىن مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلاردىن جەمئىي 300دىن ئارتۇق ئادەمنى قۇتقۇزۇپ چىققان، ئۇلار باشقا ساھەدىكى زاتلار بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 800دىن ئاشقان، يەنە ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدىغان 2000دىن ئارتۇق ۋەتەنپەرۋەر ياشنى كۈتۈۋالغان. ماۋ دۇن بۇنى «ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ قۇتقۇزۇش خىزمىتى» دەپ ئاتىغان، شيا يەن ھاياجانلانغان ھالدا «بۇ ھەقىقىي سەممىي مۇئامىلە قىلىش، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇش» دېگەن.

جۇجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيى ئۆركەشلەپ ئېقىپ، لىڭدىڭياڭغا قۇيۇلىدۇ. ئىلگىرى دۆلەت، مىللەتنىڭ 100 يىللىق گۈللىنىش ـ خارابلىشىشىغا گۇۋاھ بولغان چوڭ جۇجياڭ دېلتىسى رايونى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەنە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتتى.

1980 ـ يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، شېنجېن، جۇخەي ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلۇپ، «باھار ھېكايىسى» بۇ يەردە ياڭرىدى.

شېنجېن شەھىرى لېيئەنجۇ سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جاڭ چىڭجېيىنىڭ ھەر كۈنى سەھەردە ۋېلسىپىتلىك 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شېكوۋ پىرىستانىغا بېرىپ مال كىرگۈزۈپ، يەنە ۋېلسىپىتلىك لوخۇغا ئېلىپ كېلىپ ساتىدىغان مەنزىرە ھېلىمۇ ئېسىدە. «20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ ، 90 ـ يىللىرىدا، لوخۇنىڭ ھەممىلا يېرىدە سودا قىلغىلى بولاتتى» دېدى ئۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان گۇاڭدۇڭ بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى، چوڭ جۇجياڭ دېلتىسى رايونى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ياسىمچىلىق ۋە سودا مۇھىم بازىرىغا ئايلىنىشقا باشلىدى.

2019 ـ يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونىنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلان پىروگراممىسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى باشلىدى. دۇنيا دەرىجىلىك شەھەرلەر توپى، خەلقئارا پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم تىرەك، ئولتۇراقلىشىشقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كېلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك تۇرمۇش چەمبىرىكى... يېڭى دەۋر مەنزىرىسى بۇ يەردە نامايان بولدى.

«پۈتۈن ئۆلكىنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى ۋە شېنجېندىكى ئالدىن يۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، گۇاڭجوۋ، شېنجېن ‹قوش شەھەر›نىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ‹قوش رايون› قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈم ئېففېكتى، تۈپلىنىش ئۈنۈم ئېففېكتى، ماسلىشىش ئۈنۈم ئېففېكتى، ئىستراتېگىيەلىك ئۈنۈم ئېففېكتى، تەسىر كۆرسىتىش ـ يېتەكلەش ئۈنۈم ئېففېكتىنى تولۇق قوزغىتىش كېرەك.» 2021 ـ يىللىق گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا مۇشۇنداق دېيىلدى.

«گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ»دىن «قولتۇق رايونى»غىچە، 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، چوڭ جۇجياڭ دېلتىسىدىكى «قىزىل ئىز»لار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يېتەكلەپ گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىشقا قاراپ ماڭغانلىقىدەك كۈرەش مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ مېڭىشىدىكى تەسىرلىك قەدەم تاۋۇشلىرىغا تەڭكەش بولماقتا.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

چوغ• غايە• بۇرچ

ـــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يۈننەن يەرئاستى پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلغان كونا جاينى زىيارەت

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى
ياڭ مىڭگۇاڭ

قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ياندىكى ياشلار يولىغا ئوخشىمايدىغىنى «باھار شەھىرى» كۇنمىڭ شەھەر مەركىزىدىكى جىيېشياۋ كوچىسى تار، ئۇزۇن ھەم جىمجىت ئىدى، كوچىدا بىرنەچچە كىچىك ئاشخانا، مىلىچ ماللار دۇكىنى تارقاق جايلاشقان بولۇپ، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق ئىدى. كۆك رەڭلىك شىبەن تاش يولنى بويلاپ داۋاملىق ئالدىغا ماڭغاندا، جىمجىت كوچىنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈننەننىڭ ئەنئەنىۋى كۆك كاھىشلىق، ئاق تاملىق بىر كىچىك چاسا قورۇ جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يۈننەن يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلغان كونا جاي.

90 نەچچە يىل ئىلگىرىكى بىر كېچىدە، يۈننەندىكى بىرىنچى پارتىيە ياچېيكىسى بۇ يەردە دۇنياغا كەلگەن.

1926 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، تۈن پەردىسىنىڭ ھىمايىسىدە، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىدىن لى شىن، جوۋ شياۋ، ۋۇ چېڭ، خۇاڭ لىشېڭ، ياڭ جىڭشەن قاتارلىق كىشىلەر جوۋ شياۋنىڭ جىيېشياۋ كوچىسىدىكى ئۆيىدە بىرىنچى قېتىملىق پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنى مەخپىي ئاچقان.

يىغىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭدۇڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يۈننەن ئالاھىدە ياچېيكىسى رەسمىي قۇرۇلغان، يۈننەندىكى تۇنجى ئايال كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى ۋۇ چېڭ ئالاھىدە ياچېيكىنىڭ شۇجىسى بولغان.

«بۇ، يۈننەندىكى تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ، يۈننەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېپيېڭى ئىنقىلاب مۇساپىسىگە ئاتلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېدى يۈننەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىرىنچى باشقارمىسىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى چېن زۈيىڭ.

1926 ـ يىلى دەل بۈيۈك ئىنقىلاب داغدۇغىلىق قانات يېيىۋاتقان مەزگىل ئىدى. شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى باشلىنىش ئالدىدا، يۈننەننىڭ دۇجۈنى تاڭ جىياۋ ۋە ئۇنىڭ كونتروللۇقىدىكى يۈننەن قوشۇنى شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئارقا سېپىدىكى ئېغىر يوشۇرۇن خەۋپ بولۇپ قالغان. دەل مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭدۇڭ رايونلۇق كومىتېتى يۈننەنلىك كومپارتىيە ئەزاسى لى شىننى يۈننەنگە ئەۋەتىپ، مەخپىي پارتىيە تەشكىلاتى قۇرغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يۈننەن ئالاھىدە ياچېيكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭدۇڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، تاڭ جىياۋنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىنى پائال قانات يايدۇرغان. ئالاھىدە ياچېيكا يۈننەن مىلتارىستلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، يۈننەندىكى تۆت ھەربىي قوماندانىنىڭ بىرلىشىپ قوزغىلىپ «تاڭ جىياۋنى ئاغدۇرۇۋېتىش»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 1927 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تاڭ جىياۋنى تەختتىن چۈشۈرگەن.

مىلتارىست تاڭ جىياۋنىڭ تەختتىن چۈشۈشى يۈننەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش قىزغىنلىقىغا ئىنتايىن زور ئىلھام بولغان. يۈننەندىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تېز ئۇلغىيىۋاتقان ئىشچىلار ھەرىكىتى، دېھقانلار ھەرىكىتى، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ۋە ئاياللار ھەرىكىتى خۇددى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان شىددەتلىك ئېقىنغا ئوخشاش فېئودال مىلتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كۈچلۈك زەربە بەرگەن. پارتىيە تەشكىلاتى يۈننەندە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان. 1928 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن يۈننەن ئۆلكىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى، ئىتتىپاق ئەزاسى كۆپىيىپ 600دىن ئاشقان.

ئەمما، جياڭ جېيشىنىڭ «12 ـ ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىدە جىددىي بۇرۇلۇش بولۇپ، يۈننەننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان لۇڭ يۈن جياڭ جېيشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇش خاھىشىغا ئاساسەن، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا ھە دەپ تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن.

1929 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، لى شىن ئىشچىلارنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا بەختكە قارشى قولغا ئېلىنغان، ئۇ تۈرمىدە ئۆلگىچە تىز پۈكمەي، پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى ئۈزلۈكسىز تەشۋىق قىلغان، كېيىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن، قۇربان بولغان چاغدا ئۇ ئاران 32 ياشتا ئىدى. 1930 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خائىننىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يۈننەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ دېسەن ھەمدە ۋۇ چېڭ، لى گوجۇ ئەر ـ خوتۇنلار ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىنغان.

ۋاڭ دېسەن دۈشمەننىڭ قىستىشى ۋە ئېزىقتۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، تۈرمىدە كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان ۋەسىيەتنامە يازغان. ئۇ ۋەسىيەتنامىسىدە داداسىغا مۇنداق دېگەن: «ئوغلىڭىز ھازىر ھاياتىنى ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىش قارارىغا كەلدى!»

«ۋۇ چېڭ قولغا ئېلىنغاندا ھامىلدار بولغىنىغا بىر نەچچە ئاي بولغاندى، لېكىن ئۇ قاتتىق قىيىن ـ قىستاق ئالدىدا قىلچە تىز پۈكمىگەن.» كۇنمىڭ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى توپلاش ـ تەھرىرلەش 1 ـ باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى دۇڭ ياك مۇنداق دېدى: «ۋۇ چېڭ تۈرمىدە يەنە دائىم تۈرمىداشلىرىنى پائال كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئۇ: بىر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ تۇرمۇشى جەڭگىۋار تۇرمۇش، تۈرمىدە ياتمىغاندا ئىنقىلاب قىلىدۇ، تۈرمىدە ياتقاندىمۇ ئىنقىلاب قىلىدۇ. جاھاندىكى بۇ قاراڭغۇ زىنداندا تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك، دېگەن.»

1931 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، 32 ياشلىق ۋاڭ دېسەن، 30 ياشلىق ۋۇ چېڭ ۋە 24 ياشلىق لى گوجۇ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتمەكتە، يىللار تېز ئۆتمەكتە. ئىنقىلابىي قۇربانلار جېنىنى پىدا قىلغان يۈنلىك تۇپرىقى بۈگۈنكى كۈندە يېڭى قىياپەتكە كىردى. 2020 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، يۈننەندىكى ئەڭ ئاخىرقى توققۇز نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن، يۈننەندىكى 88 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، يېزىلاردىكى 8 مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. نەچچە ئەۋلاد ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى رېئاللىققا ئايلانماقتا.

«ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە بىز بۈگۈنكى گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتۇق» دېدى كۇنمىڭ شەھەر ئاھالىسى تاۋ جىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يۈننەن يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلغان كونا جاينى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا ھاياجانلانغان ھالدا.

1991 ـ يىلى، يۈننەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يۈننەن يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلغان كونا جاي كۆرگەزمە ئورنى قىلىنغاندىن كېيىن سىرتقا ئېچىۋېتىلدى ھەم يۈننەننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسىغا ئايلاندى. كېيىنكىلەرنىڭ بۇ شەرەپلىك ھەم تەسىرلىك ئىنقىلابىي تارىخنى ياد ئېتىشى ئۈچۈن، ئانچە كەڭ بولمىغان كىچىك ھويلىغا ۋاڭ دېسەن، لى شىن، لى گوجۇ، ۋۇ چېڭ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھەيكەللىرى، سۈرەتلىرى قويۇلدى.

«ھەر يىلى بىز نەچچە ئون مىڭ ئېكسكۇرسىيەچىنى كۈتۈۋالىمىز، پارتىيە ئەزالىرى كىچىك ھويلىدا ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلايدۇ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلايدۇ، نۇرغۇن كىشى نەق مەيداندا كۆز يېشى قىلىدۇ» دېدى چۈشەندۈرگۈچى ياۋ چۈن.

قىشتىكى ئىللىق قۇياش نۇرىدا، يۈننەنگە ئىنقىلاب چوغىنى ئېلىپ كەلگەن جىيېشياۋ كوچىسى تىنچ ھەم ئىللىق ئىدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)